# 160316 - ئەگەر ساغلام قوي تاپالمىسا قۇيرۇقى كېسىك ياكى ئېرىك قوينى قۇربانلىق قىلسا توغرا بولامدۇ؟

## سۇئال

مەن 37039-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىنى ئوقۇدۇم، لېكىن جەنۇبى ئاپرىقىدا قۇربانلىق قىلىدىغان ھايۋاناتلارنى غەيرى مۇسۇلمانلاردىن ئالىمىز، ئۇ يەردە چارۋىچىلارنىڭ تىز سەمرىشى ئۈچۈن كىچىك ۋاقتىدىلا قۇيرۇقلىرىنى كېسىۋېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قۇربانلىق قىلىدىغان ۋاقىتتا قۇيرۇقى ساق بولغان ھايۋانلارنى تېپىشىمىز قىيىن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قۇيرۇقى كېسىك ھايۋانلارنى سېتىۋېلىپ قۇربانلىق قىلساق دۇرۇس بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق
گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ
پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.
پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە
ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: قۇربانلىق قىلغاندا
قۇيرۇقى كېسىك ۋە تاشقى
كېسىۋېتىلگەن ھايۋانلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىش
زۆرۈر بولىدۇ، ئالىملارنىڭ كۈچلۈك قارىشى
بويىچە، قۇيرۇقى كېسىك ھايۋاننىڭ
قۇربانلىققا تەسرى بولمايدۇ، ئەمما تاشقى
كېسىۋېتىلگەن ھايۋاننىڭ قۇربانلىققا
تەسرى بولىدۇ.

ئىبنى قۇدامە
مەقدەسى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق
دەيدۇ:” قۇيرۇقى كىسىلگەن ھايۋانلارنى

قۇربانلىق قىلسا دۇرۇس بولىدۇ. ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇقى تۇغۇلغاندا يوق تۇغۇلغان بولسۇن ياكى كېيىن كېسۋېتىلگەن بولسۇن ئوخشاش، چۈنكى قۇيرۇقنىڭ كېسىلىكى ھايۋاننىڭ گۆشىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ شۇنداقلا قۇربانلىق قىلىشتىن ئىبارەت بولغان مەقسەت-غايىگىمۇ تەسىرى بولمايدۇ، بۇنداق ھايۋاننى قۇربانلىق قىلىشتىن چەكلەش توغرىسىدا دەلىل بايان قىلىنمىغان.” دېگەن.

[“ئەلمۇغنىي” ناملىقئەسەر 13-توم 372-بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: “چارۋىلارنىڭ تاشاقىنى ئوخشاش ئەزالىرى پۈتۈن كېسىپ تاشلانغانلىرى قۇربانلىق قىلىشقا يارىمايدۇ.” دېگەن. [“ئەلمۇغنىي” 13-توم 371-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: “قۇربانلىقتا قۇيرۇقى تۇغۇلۇشتا بولمىغان ياكى كېيىن كېسىپ تاشلانغان چارۋىلار دۇرۇس بولىدۇ، ئەمما تاشىقى كېسىپ تاشلانغان چارۋىلار دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى تاشاقنىڭ كېسىلىشى ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن قوي ياكى ئۆچكىنىڭ قۇيرۇقى بولمىسا قۇربانلىققا دۇرۇس بولىدۇ، ئەمما تاشىقى بولمىسا قۇربانلىققا دۇرۇس بولمايدۇ.” دېگەن.

[“شەرھى مۇمتىئ” ناملىق ئەسەر 7-توم 435-بەت].

يەنە مۇنداق
دەيدۇ: “ئەگەر پىچىۋېتىلگەن
ئۇلاغمۇ ئالىملارنىڭ قارىشىدا قۇربانلىققا
دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ مەقسەت
قىلىنىدىغان ئەھمىيەتلىك ئەزادۇر، ئەمما
قۇيرۇق بولسا قوي، كالا ۋە تۆگىلەردە
مەقسەت قىلىنىدىغان ئەزا ئەمەس. شۇنىڭ
ئۈچۈن بۇ ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇقى
قۇربانلىق قىلىنغان ۋاقىتتا كېسىپ تاشلىنىدۇ،
شۇنىڭدەك ئاۋسترالىيە قويىنىڭ
قۇيرۇقمۇكالىنىڭ قۇيرىقىغا ئوخشاش تاشلىۋېتىلىدۇ،
ئۇ مەقسەت قىلىنىدىغان ئەزا ھېسابلانمايدۇ، شۇنىڭدەك
قۇربانلىقتا قۇيرۇقى كېسىۋېتىلگەن
ئاۋسترالىيە قويلىرى دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى
ئۇ قويلارنىڭ قۇيرىقىنىڭ ھېچ قىممىتى يوق”.
تۈگىدى. [“ھەج سۆھبەتلىرى” 108 -بەت].

37039-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا پەتىۋا كومىتېتىنىڭ،
تاشقى كېسىۋېتىلگەن ھايۋاننى قۇربانلىق
قىلسا دۇرۇس بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى پەتىۋاسىنى
بايان قىلدۇق.

ئىككىنچى: قۇربانلىق
قىلىدىغان ۋاقىتتا سىز تاشقى كىسىۋېتىلمىگەن ھايۋاننى
ئىزدەڭ. ئەيىب-نۇقساندىن خالىي بولغان قوينى تېپىش
ئىمكانىيىتى بولىدىكەن، ئۇ ۋاقىتتا تاشقى
كېسىۋېتىلگەن قوينى قۇربانلىق قىلىش
دۇرۇس بولمايدۇ.

ئەگەر
قۇربانلىققا يارايدىغان ساغلام قوي تېپىش مۇمكىن بولمىغاندا،

ئەيپلىك قوينى قويۇپ، قۇربانلىققا يارايدىغان باشقا
هايۋانلارنى ئىزدەش كېرەك بولىدۇ.
مەسلەن: ئۆچكە قۇربانلىق قىلىش كېرەك،
ئەگەر قۇربانلىققا يارايدىغان ئۆچكە
تېپىلمىسا، كالا ياكى جامۇس ياكى تۆگە قۇربانلىق
قىلىش كېرەك، تۆگە ياكى كالىغا يەتتە كىشى
شېرىك بولسا بولىدۇ ياكى كۆپرەك ساۋاپقا
ئېرىشىش ئۈچۈن تۆگە ياكى كالىنى ئۆزى
يالغۇز قۇربانلىق قىلسىمۇ بولىدۇ، تۆگە ياكى
كالىدا يەتتىدىن ئاز كىشى شېرىك بولسىمۇ بولىدۇ،
ئەمما يەتتىدىن ئارتۇق كىشى شېرىك بولسا
بولمايدۇ.

ئەگەر شۇ رايۇندىكى
قويلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تاشقى
كېسىۋېتىلگەن بولسا، يۇقىردا بايان
قىلىنغاندەك، ئۇنىڭدىن باشقا هايۋانلارنى قۇربانلىق
قىلىش ئىمكانىيتى بولمىسا، ئۇنداق ۋاقىتتا تاشقى
كېسىۋېتىلگەن قويلارنى قۇربانلىق قىلسا
بولىدۇ، بولۇپمۇ چارۋىچىلارهايۋانلارنىڭ تېز سەمرىشىنى
كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق قىلغان بولسا بۇ ئىش
ئۇ هايۋانلارغا نىسبەتەن ئەيىب
ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر بۇنداق ھالەتتىمۇ
ئۇ هايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشتىن چەكلىسەك،
بۇ ۋاقىتتا قۇربانلىقتىن ئىبارەت بولغان ئىسلام
دىنىنىڭ شوئارى بىكار قىلىنغان بولىدۇ. قۇربانلىقتىن
ئىبارەت بولغان ئىسلامنىڭ شوئارىنى ئىزھار قىلىشتىن بولغان
مەسلەھەت، ئەيىپلىك قوينى قۇربانلىق قىلىشتىن
بولغان خاتالىقتىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملارنىڭ قارىشىدا

بىكىتىلگەن قائىدە: "ئاسانلىق قىيىنچىلىق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ". ئىبادەتنى شەرئى تەقەززا بىلەن تولۇق ئادا قىلىش مۇمكىن بولمىسا، يەنى بەزىسىنى ئادا قىلىش مۇمكىن بولسا، بۇ ئىبادەت پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ بەلكى قىلىش مۇمكىن بولغانلىرى ئادا قىلىنىدۇ.

بۇ قائىدە

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ

ھەدىسىدىن ئېلىنغان: **«سىلەرنى بىر ئىشنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇسام، ئۇ ئىشنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىڭلار.»** [بۇخارى رىۋايىتى7288-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى1337-ھەدىس.

ئىمام سۇيۇتىينىڭ: "ئەلئەشباھ ۋەننەزائىر" ناملىق ئەسىرى 159-بەتكە قارالسۇن. ئىمام ئەززىبنى ئابدۇسالام رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "تائەت-ئىبادەتتىن بىر ئىشنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان كىشى ئۇ ئىبادەتنىڭ بەزىسىنى ئادا قىلىشقا قادىر بولۇپ، بەزىنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز كەلسە، قادىر بولالىغاننى ئادا قىلىدۇ، قادىر بولالمىغانلىرى ئۇنىڭدىن ساقىت بولىدۇ." تۈگىدى.

["قەۋائىدۇل ئەھكام" (2/7)].

ھەممىدىن توغرىنى

بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.